# ئامىنەنىڭ خىياللىرى



مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

www.uyghurkitap.com

بىر كۈنى ئامىنە ئۆيىنىڭ بالكونىدا تۇرۇپ
سۈپسۈزۈك ئاسمان، مېڭىۋاتقان بۇلۇتلار ۋە
نۇرلۇق يۇلتۇزلار ھەققىدە ئويلىنىپ قاپتۇ.



ئۇ دادىسىدىن: - دادا، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار نېمىشقا يەرگە چۈشۈپ كەتمەيدۇ؟ ئۇلارنى كىم تۇتۇپ تۇرىدۇ؟ بۇلۇتلارنى كىم ھەرىكەتلەندۈرىدۇ؟

- دەپ سوراپتۇ.



www.nurkitap.com

دادىسى:- قىزىم، ئاسمان-زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئاللاھ ياراتقان. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ ماڭدۇرىدۇ، قۇياشمۇ ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن نۇر چاچىدۇ.



شامال ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇلۇتلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ رۇخسىتى ۋە باشقۇرۇشى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

ھەتتا چۈمۈلىلەر، ھايۋاناتلار، ئۇچار قۇشلار ۋە
پۈتۈن ئىنسانلار ئاللاھنىڭ رۇخستى بىلەن
ھەرىكەت قىلىدۇ، - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.




دادا، ئاللاھ بۇ مەخلۇقاتلارنى قانداق ھەرىكەتلەندۈرىدۇ؟
قىزىم، ئاللاھ ھەممىگە قادىر، كائىناتنى باشقۇرغۇچى. ئۇ بىزنى ھەمىشە كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ تۇرىدۇ. دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلىدۇ

www.uyghurkitap.com




ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلغىن.
ئۇ ياراتتى، بېجىرىم قىلدى. مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى كۆرسەتتى.
(سۈرە ئەئلا)
- دادا، ئاللاھ نېمىدىگەن ئۇلۇغ ھە!
- شۇنداق قىزىم! ئاللاھ پۈتۈن مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى تەقدىر قىلغۇچىدۇر.
كائىناتتىكى ھەرقانداق بىر ئىش ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يۈز بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بۇ ھېكايىدىن ئېرىشكەنلىرىمىز:

ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى
باشقۇرغۇچى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىمىز.

